# ئىزدىنىش

(تاللانما)

7

1996

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1996-يىل 7-سان

(ئومۇمىي 97-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 7-، 9-، 10-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


## مۇندەرىجە


**ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە يارىتايلى** ......... ۋېي جيەنشىڭ(2)

**دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا** .............. شىڭ بېنسى(13)

9-بەش يىللىق پىلاندىكى ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك نىشاندىكى ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ — 9-بەش يىللىق پىلاندىكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېڭىچە ئوي-پىكىر بولۇشى كېرەك ..................... ياڭ يۈگچېي(26)

ستاتىستىكا خىزمىتىدىمۇ ساختىلىقنى تۈگىتىش كېرەك .................. جاڭ سەي(43)


**★7- ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى.

ژۇرنالغا ييزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە يارىتايلى

ۋېي جيەنشىڭ

دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى يېپىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، پۈتۈن دۇنيادا ئەمگەكچى خەلقنىڭ شانلىق بايرىمى — 1-ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى كۈتۈۋالدۇق. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى قەتئىي جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇش مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخ تاشقىنىغا پائال ئاتلىنىپ، يىغىندا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشقا بەل باغلىدى.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ "تەكلىپى»گە ئاساسەن بەلگىلەنگەن «پروگراما» مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتىكى بىرىنچى ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى بېيىتىپ قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت پروگراممىسىدۇر. «پروگراما»دا مەملىكىتىمىزنىڭ كەلگۈسى 15 يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي كۆرەش نىشانى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى قەدەملىك ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش، 2000-يىلى ئاھالە 1980-يىلدىكىدىن 300 مىليون ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ نامراتلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈ-

زۇش؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش. 2010-يىلى، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلاشتىن ئېشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشات قىلىش، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا روشەن تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاندا مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نامايان بولماقتا، ئىشچىلار سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئىنتىلىدىغان ئۇلۇغۋار غايە-جەسۇرانە ئىرادىسى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىدىغان ئالغا ئىنتىلىش روھى نامايان بولماقتا. مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى كەلگۈسى 15 يىللىق كۈرەش نىشانىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەكلىپى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توققۇز تۈرلۈك مۇھىم فاكچېنىنى قايتا تەكىتلىدى، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، شياۋگاڭ ۋە ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋە ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشكە بولغان ئىشەنچىنى يەنىمۇ ئىپادىلىدى، خەلقئارا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، دىپلوماتىيە خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ مۇقەددىمىسىنى ياخشى يارىتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، بولۇپمۇ «پروگرامما»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش 17 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى باي-قۇدرەتلىك قىلىش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بەختلىك قىلىش ۋە جەمئىيەتنى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا؛ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ يەنە چوڭ بىر بالداق كۆتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە تەشەببۇسكارلىق ئورۇنىنى قولغا كەلتۈرۈش، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشتا؛ ئىقتىسادى داۋاملىق راۋاجلىنىۋاتقان، جەمئىيىتى ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولغان سوتسىيالىستىك جۇڭگونى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشتە زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەنگە ۋارىسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، كەلگۈسكە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل. بۇ مەزگىلدە يېڭى-كونا ئەسىر ئالمىشىدۇ، پۇرسەت بىلەن مۇسابىقە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەمكارلىشىش بىلەن ئېلىشىش تەڭ كۆچىيىپ بارىدۇ. خەلقئارا چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادا يەنىلا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ تۇرماقتا، لېكىن جاھان تىنچلىشىپ قالغىنى يوق. سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىسى ۋە ئىككى قۇتۇپلۇق قۇرۇلمىنىڭ تاماملىنىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تېزدىن تەرەققىي قىلماقتا، خەلقئارا تىنچلىق مۇھىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشتىن ئۈمىد بار، بۇ ھال بىزنى بىر قەدەر ئۇزاق مۇددەتلىك پايدىلىق خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىچكى قۇرۇلۇشنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېكىش-مۇرەككەپ رىقابەت مۇناسىۋىتى بىزنىڭ دىپلوماتىك جەھەتتە جانلىق ئىش كۆرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى؛ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش، رايونلىشىش، گۇرۇھلىشىش تەرەققىياتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تېزلىشىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە كەسپىي قۇرۇلمىسىنى ۋاقتىدا تەڭشىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى؛ دۇنيا بويىچە يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىزنىڭ تۈرلۈك ئىلغار پەن-تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى روشەن ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي بەرپا قىلىنماقتا، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىدا 17 يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا دائىر پۈتۈن بىر يۈرۈش نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردۇق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېپىپ چىقتۇق. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، مۇشۇ يولنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەستىن غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدىكى پايدىلىق شارائىتلاردۇر. دەرۋەقە، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا بەزى قىيىنچىلىقلارغىمۇ يولۇقۇپ قالدۇق، مەسىلەن، خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا رىقابەتتە، بىز ھېلىمۇ زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ، شۇنىڭدەك تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلمەكتىمىز؛ بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىمىزدا، بىر قەدەر ئېغىر بولغان پۇل پاخاللىقى

يۈز بەردى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە قىيىنچىلىقى بىر قەدەر كۆپ بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي تەرتىپ ھېلىمۇ بىر قەدەر قالايمىقان بولۇۋاتىدۇ، بەزى چىرىكلىك ئەھۋاللىرى يەنىلا يامراپ كېتىۋاتىدۇ، بەزى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىق ئەھۋالى ياخشى بولمايۋاتىدۇ، ۋەھاكازالار. قىسقىسى، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان مەزگىلدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى كۆزەتكىنىمىزدە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بىز كۆپ ئۇچرىمايدىغان تارىخىي پۇرسەتكە ئىگىمىز، شۇنداقلا تارىخىي خاراكتېرلىك كەسكىن مۇسابىقىغىمۇ دۇچ كەلمەكتىمىز، بىز چوقۇم كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى مۇسابىقىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارشى ئېلىشىمىز، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇشىمىز، جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلىشىمىز، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىغا ئەسىر ھالقىيدىغان ئەڭ شانلىق سەھىپىنى يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت، يەنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش؛ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تېگى-تەكتى-دىن ئالغاندا، يەنىلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە مەسىلىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. يۇقىرى سېلىنمىلىق، يۇقىرى سەرپىياتلىق، تۆۋەن سۈپەتلىك، تۆۋەن ئۈنۈملۈك بولۇش ئەھۋالى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا، ئەسلىدىلا گەۋدىلىنىپ تۇرۇۋاتقان مەبلەغ، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەمىنلەش-تەلەپ زىددىيىتى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاقتىن بۇيان بېشىمىزنى ئاغرىتىپ كېلىۋاتقان پۇل پاخاللىشىش، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى تاللىشىش، دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى يېتەرلىك بولماسلىق، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭلىشى تەس بولۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەسەيتىشمۇ تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى يېپىلىش ۋاقتىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ روشەن ئوتتۇرىغا قويدى: ”سۈرئەت ۋە ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئوي-پىكرىنى يېڭىلاپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ خىل بۇرۇلۇشنىڭ تۈپ تەلىپى، ئاساسەن سېلىنمىنى كۆپەيتىشكە، يېڭى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا، سانىنى قوغلىشىشقا تايىنىشتىن ئاساسەن پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش-كە تايىنىشقا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش يولىغا يۆتكىلىشتىن ئىبارەت.“ بىز چوقۇم ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تەسىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل

قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش بىلەن بىللە، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، شۇ ئارقىلىق، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى پائال قوللاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مەركىزى قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلمىي ئاساستىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قېزىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر چوقۇم دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن كاللىسىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خوجايىنلارچە قىياپەت بىلەن ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىشى، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە بۇرۇلۇش ياساشنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇ ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان چوڭقۇر ئىنقىلاب بولغاچقا، ئۇنىڭدا كونا تۈزۈلمىدە ئەسلىدە بار بولغان ۋە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك نامۇۋاپىق مەنپەئەت تۈزۈلمىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىدىغانلىقى، يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ياساشنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، بۇ، پەن-تېخنىكىنىڭ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى سالمىقىنى چوڭايتىش، كارخانىلاردىن مەھسۇلات مىقدارىنى قوغلىشىش، يىرىك باشقۇرۇش ۋە تاشقى ئامىل ئارقىلىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشتىن سۈپەتكە، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، تۈجۈپەلەپ باشقۇرۇش ۋە ئىچكى ئامىل ئارقىلىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە قاراپ بۇرۇلۇپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ھەقىقىي تۈردە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلىش لازىم، دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چوقۇم سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىگە ۋە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىشىش ۋە كەشپىيات يارىتىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىش ئورنىدا

تەربىيە ئېلىش، تېخنىكىنى مەشىق قىلىش، ئۇستاز تۇتۇپ ھۈنەر ئۆگىنىش، خىزمەتتىن ئاجراپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەكتىپىگە كىرىپ ئۆگىنىش قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق، مەدەنىيەت، پەن بىلىملىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىمىنى داۋاملىق يېڭىلاپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشى؛ مەملىكىتىمىز ئىشچى-لار سىنىپىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چۈشىنىش، ئومۇملۇقنى كۆزلەش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، پىداكارلىق بىلەن ئەمگەك قىلىش، خالىس تۆھپە يارىتىشتەك شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق ۋە سوتسىيالىزملىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخستىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە يارىتىشى؛ توغرا بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى تىكلەپ، ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىپ، كەسپىي ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق توسۇشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە ياخشى روھىي قىياپىتى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە تۈرتكە بولۇپ، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماس ھالدا راۋاجلىنىشىنى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت تۈپ يېتەكچى فاڭجېننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىمىزنىڭ سىنىپىي ئاساسى، دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچى سىنىپى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسى-ۋەتلىرىنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئاساسلىق كۈچتۇر. پارتىيىنىڭ بۇ تۈپ يېتەكچى فاڭجېننى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىق ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا مۇناسى-ۋەتلىكتۇر. بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ سىياسىي پرىنسىپلىق مەسىلىدۇر. بۇنىڭدا ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا ۋە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىدا ئىسلاھاتقا قارىتا غايەت زور قىزغىنلىق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قارىتا غايەت زور ئاكتىپلىق ساقلانماقتا، مەيلى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بولسۇن

www.uyghurkitap.com

ياكى مۇقىملىقنى ساقلاشتا بولسۇن، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىدىن، ئىجادچانلىقىدىن ۋە تارىخىي تەشەببۇسكارلىق روھىدىن ئايرىلالمايمىز. يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ھەم مۇنداق دەپ چوڭقۇر كۆرسەتتى: "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق رولىدىن ۋە ئاكتىپلىقىدىن ئايرىلغاندا، كارخانىلىرىمىزنى ۋە زامانىۋى سانائىتىمىزنى ياخشى يولغا قويغىلى بولمايدۇ"، "كەڭ ئىشچىلار ئاممىسى قوللىمايدىغان بولسا، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس"، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، بىز تىرىشىپ كارخانىلارنىڭ مۇنۇ تەلەپلەرنى ئورۇندىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك: ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ كارخانىلارنى ياخشى باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، جان-دىل بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ كارخانا ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسىنى قۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانا خوجايىنلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ئىشچى خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ كارخانىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ۋە كارخانىلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش لازىم؛ «ئەمگەك قانۇنى»دا ئەمگەكچىلەرگە بېرىلگەن قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، باراۋەرلىك ئاساسىدا مەسلىھەتلىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈش ئارقىلىق، مۇقىم ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش لازىم؛ كارخانىلارنىڭ مۇدىرىيىتىدە ۋە نازارەت ھەيئىتىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بولۇشى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان تۈزۈمنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى قوغدىشى ۋە قوزغىشى ھەمدە ئۇنى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكلىشى ئۈچۈن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قوللاش لازىم؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ھەم ئۇنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا سۈپىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكتىمۇ ئوخشاشلا جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى بار، دېمەك، دۆلەت قانۇنىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بېرىلگەن ھوقۇقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ مۇنۇ تەلەپلەرنى ئورۇنداش كېرەك: ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىش ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ھوقۇقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا جەلپ قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك؛ «ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن-نىزاملاردا ئىشچى-خىزمەتچى-

لەرگە بېرىلگەن ئەمگەك ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، باراۋەر ئاساستا مەسلىھەتلىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈش ئارقىلىق، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغان ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى بەرپا قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەش كېرەك؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش ئورنىغا ۋە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى ئۇيۇشما ئەزالىرى قۇرۇلتىيى، ئىشچىلار بىلەن مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ مەسلىھەت يىغىنى شۇنىڭدەك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋەكىللىرى مۇدىرىيەت يىغىنىغا، باش دىرېكتور ئىش بېجىرىش يىغىنىغا قاتنىشىش ياكى سىرتتىن قاتنىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك ئاساستا كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىشى ۋە دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىشنى تەشكىللەش ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىش كېرەك؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ساقلىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت مۇھىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەك؛ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلا-نىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك توختىمى تۈزۈش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىش، كارخانىلار-نىڭ ئەمگەك ماجراسىنى كېلىشتۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش، ئەمگەك ماجراسىنى كېلىشتۈرۈش ئىشىغا قاتنىشىش، كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمگەك ئۆلچىمىگە ئالاقىدار قانۇن-نى-زاملىرىنى ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراپ قالماسلىقىنى قوغداش كېرەك؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرى جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ھەر تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، يۇقىرىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن ئىجادىي ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ۋە يېڭى شەكلى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا كۆرۈلۈۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ھەل قىلىپ، پارتىيىنىڭ مۇشۇ تۈپ يېتەكچى فاڭجېنىنى تىرىشىپ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى ۋە ئالىيجاناب ئىدىيىسىنى داغدۇغىلىق ھالدا تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى بولۇپمۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تۆھپە سىڭدۈرۈش، بىرىنچى دەرىجىلىك سەۋىيە يارىتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەش ۋە تەشكىللەش كېرەك.

9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى يەنە يېزا ئىگىلىكىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، يېڭى دەۋردىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملىشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم. يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ۋە تۈپ كاپالەت. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مەملىكىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھەم قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان بىر تۈرلۈك ۋەزىپىدۇر. دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. مۇستەھكەم ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى بولمىسا، مۇستەھكەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. يېڭى دەۋردە ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىشچىلار سىنىپى ئىلغار پەن-تېخنىكا ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دېھقانلارنىڭ ئورتاق بېيىيدىغان سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق كەڭ دېھقانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ۋە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنى ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يېڭى كۈچ بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، يېڭى دەۋردىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى يېڭى دەۋردىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. پەن-تېخنىكا سېپىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر يېزا ئىگىلىكى، پەن ۋە مائارىپنى بىرلەشتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، "پەن، مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش" "پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش" ستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي زەنجىرىدىكى مەھسۇلى، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمگەك مۇناسىۋىتى زىددىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قوغداش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پروگراممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىسى قوغداشتىن ئىبارەت. ھەر

دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا «ئەمگەك قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاچقۇچ ۋە بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، باراۋەر ئاساستا مەسلىھەتلىشىش ۋە كوللېكتىپ توختام تۈزۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنىڭ كۈچىنى قانۇن بويىچە ئاشۇرۇپ، قوغداش فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرۇلۇش، قاتنىشىش، تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلەرنى ئوبدان ئادا قىلىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن مۇدىر سايلاش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن نازارەتچى سايلاش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ھۆكۈمەتكە ۋە كارخانىلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ، نامرات رايونلاردىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان، يېرىم توختىغان ۋە زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، كارخانىلارنىڭ زىيىنىنى پايدىغا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ”مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى“نى ۋە ”قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى“نى ياخشى يولغا قويۇشى، شۇ ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ، يېتەكلەپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلىي ئۆزىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەمدە بولۇشى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھادىسىلەرنى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى قەتئىي تۈزىتىشى ۋە توسۇشى لازىم.

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلىتىمىز شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا ئىككىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ بىر ئىش. جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ‹‹بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش›› فاڭجېنىنى قەتئىي قوللايدۇ، شىياڭگاڭ، ئاۋمېنىنىڭ سىلىق ئۆتۈشى ۋە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ. تەيۋەن دۆلىتىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ بىر قىسمى. جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىدە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان مەيدان ۋە فاڭجېنىنى قەتئىي قوللايدۇ، تەيۋەندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى بېغىشلايدۇ.

بۇ يىل 9-بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويۇشتىكى بىرىنچى يىل، شۇنداقلا پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان تۇنجى يىل. بىز چوقۇم دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭ
# سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا

شىڭ بېنسى

سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسيالىزم جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سوتسيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر قاتار ماقالە، نۇتۇقلىرىدا سوتسيالىستىك ماددىي مەدەنىيەتنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشتىن ئاخىر مەنىۋى مەدەنىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغۇچى.

## 1. جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇشتا مەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا بولمايدۇ

يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسيالىستىك جەمئىيەت ماددىي مەدەنىيەتكىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتكىمۇ ئوخشاشلا ئېھتىياج ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”سوتسيالىستىك دۆلەتتە، ھەقىقىي ماركسىزمچى پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۈچ چىقىرىشى ھەمدە شۇ ئاساستا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈپ بېرىشى لازىم. ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش دېگەن ئەنە شۇ. ئىلگىرى، بىز خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قارىدۇق. شۇڭا ھازىر ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ تۈپ نېگىزى كەڭ خەلقنى كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئىنتېرناتسيونالىزممۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ

مەنىۋى مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.‹‹(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 53-بەت) بۇ سۆزلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پۈتكۈل جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، پارتىيىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى، سوتسىيالىزمنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى، شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋاقتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلمىدى، سىنىپىي كۈرەش يەنىلا پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى قولدىن بېرىپ قويۇلدى، ئىقتىسادىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ قالدى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېگىشلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ كېلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق ھاسىل قىلىنماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇكى، بىز نەزەرىيە جەھەتتە خاتا يولغا كىرىپ قالدۇق، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىدە گاڭگىراپ قالدۇق. شۇڭا، ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىمىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئىشنى نەزەرىيە جەھەتتىكى سەۋەنلىكىمىزنى تۈزىتىشتىن باشلىشىمىز كېرەك. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پۈتۈن پارتىيىگە سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى قايتىدىن تونۇش لازىملىقى توغرىسىدا قايتا-قايتا تەربىيە بەرگەنلىكىنىڭ، يولداشلىرىمىزغا بىر ھەقىقىي ماركسىزمچى پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۆزىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك بۇرچى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى كېرەكلىكى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش باشتىن ئاخىر پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى كېرەكلىكى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىق، خەلق تۇرمۇشىنىڭ نامرات بولۇشى ھەرگىز ھەقىقىي سوتسىيالىزم ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزم ئۈچۈن نومۇس ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

پۈتۈن پارتىيىدە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا ئورتاق تونۇش شەكىللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدۇرۇلغان ھەمدە دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خىل ئەھۋالمۇ

كېلىپ چىقتى، ئۇ بولسىمۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى نىسپىي ھالدا توختاپ قالدى، پارتىيە ئىستىلى، ئىجتىمائىي كەيپىيات جەھەتلەردە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلاندى. بۇنداق ئەھۋاللار بىر تەرەپتىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ بەزى ئەكسىي تەسىرى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ بەزى سەلبىي تەسىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى جايلار، تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت-كە ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە سەل قارىغانلىقىدىن، ئالدىنقىسىنى قاتتىق ۋەزىپە، كېيىنكىسىنى يۇمشاق ۋەزىپە دەپ قاراپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن، يەنى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك بىر قولدا چىڭ، بىر قولدا بوش تۇتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئەگەر ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئەكسىي پەرق ئۇزاققىچە تۈگىتىلمىسە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈ-رۈپ بېرىدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تىگىرقاپ قالغاندا، ھەممىدىن بۇرۇن يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇلۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت داغدام يولغا مېڭىشقا باشلاپ ماڭدى، ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى جەڭگە چاقىرىلغاندا، يەنىلا يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىرىنچى بولۇپ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىغە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك دەپ ئۈنلۈك چاقىرىق قىلدى، دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئون يىلدىن بۇيان "بىزدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم-تەربىيە جەھەتتە كۆرۈلدى"؛ دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى: ماددىي مەدەنىيەتنىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ ياخشى تۇتساق، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس ئىش قىلغان بولىمىز؛ دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى بىرگە سەممىي تاپىلىدى: "مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالىدۇ"، كەيپىيات يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، باشقا بىر تەرەپتىن ئاينىش يۈز بېرىدۇ-دە، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىمۇ ئاينىش پەيدا قىلىدۇ؛ دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنۇلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى: بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش" كېرەك. بۇ ئۆتكۈر بايانلار ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ئورۇنلاش-تۇرمىدا قانداق ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بۇ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىش، ئىشنى ئىچچۈيتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ‹‹سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى دەۋرىي قىلىدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان، ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە ئىشنى سىرتقا ئېچىۋېتىدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى تەلەپ قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي يېتەكچى فاكتورى ئەنە شۇ›› («يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 112-بەت).

## 2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە يارىشا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. مىللەتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش شەخسلەرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنرەك بولسا، ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ناچارراق بولسا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن، جەمئىيەتنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەرەققىياتىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ شۇڭا، ھالقىلىق مەسىلە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ بەلگىلىگەنلىكى مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تۇتقانلىق.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ‹‹تۆت بولۇش›› ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى غايىلىك بولۇش دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق غايىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھەققىي تۈردە بىرنىچە كۆچ شەكىللەندۈرگىلى، ئاندىن ئالغا بېسىش يولىدىكى تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەت، خېيىم-خەتەرلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بىز كۆزلىگەن ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ‹‹ھازىر جۇڭگو ‹تۆت بولۇش› — غايىلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئىنتىزاملىق بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇنىڭدا ھەممىدىن بەك تەكىتلەيدىغىنىمىز غايىلىك بولۇش. ئۆزەمنىڭ سىياسىي

ۋە ھەربىي پائالىيەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللانغان تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم، ئىتتىپاقلىق ئورتاق غايە ۋە چىڭ ئېتىقادنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئىلگىرى نەچچە ئون يىل جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلغاندا، خەلقنى چىڭ ئېتىقاد بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلدۇرغانىدۇق. مۇشۇنداق ئېتىقاد بولمىسا، ئۇيۇشقاقلىق كۈچى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئېتىقاد بولمىسا، ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولـمايـدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 389-بەت) كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غايە ۋە ئېتىقاد مەسىلىسىدە ھەل قىلىنىدىغىنى مەنىۋى تۈۋرۈك ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىلگىرى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئادەمدە ھەمىشە ئازراق روھ بولۇش كېرەك دېگەن، ئۇنىڭ دېگىنىدىمۇ غايە ۋە ئېتىقاد كۆزدە تۇتۇلغان. جەمئىيەت ئەزالىرىدا ئورتاق غايە ۋە ئېتىقادنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ھەرقانداق سوتسىيالىستىك دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇھىم، دۆلىتىمىزدەك 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسى بار سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بولۇپمۇ مۇھىم.

بىزنىڭ غايىمىز نېمە؟ كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسى كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ پارتىيىمىزنىڭ پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن. لېكىن، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، رەت بويىچە تەرەققىي قىلىدىغان بىرقانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شۇ باسقۇچتىكى كۆرەش پروگراممىمىز بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ باسقۇچلۇق غايىمىز بولىدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا، بىز پارتىيە رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش پارتىيىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايىسى. نۆۋەتتە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئالدى بىلەن پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ، باسقۇچلۇق ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھالقىلىق بىر قەدەمدۇر. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىنى، مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، مۇشۇ غايە ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىق دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىق، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، بۇ غايە مەنىۋى جەھەتتە مىسلىسىز زور سەپەرۋەر قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، يۈكسەك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە. نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغارلارغا قانداق غايە بولۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇتۇشتىن ئىبارەت. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تۈرلۈك خاتا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى،

قىممەت قارىشىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، توغرا غايىنى تىكلىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىلمىي ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم، بۇ قورال دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كەڭ ئاممىنى تەربىيىلەش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى توغرا غايىنى تىكلەشتىكى ھالقىلىق مەسىلە، شۇنداقلا نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە.

ئورتاق غايىگە ئىگە بولغاندا، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، ھالبۇكى، ئىدىيىۋى بىرلىكنى ھەرىكەت بىرلىكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىزام بولمىسا بولمايدۇ. ئىنتىزام بىر خىل ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نېمىنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى چەكلەپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نېمىنى قىلىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇنىڭ رولى قوش يۆنىلىشلىك بولىدۇ. ئىنتىزام جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. شۇڭا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "تۆت بولۇش" توغرىسىدا سۆزلىگەندە، غايىلىك بولۇشنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى تەكىتلى-گەندىن سىرت، ئىنتىزامنىڭ رولىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: دۆلىتىمىزدە ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇيۇشقاقلىق "بىرىنچىدىن غايىلىك، ئىككىنچىدىن ئىنتىزاملىق بولغاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇيۇشقاندىلا كۈچ ھاسىل بولىدۇ. غايە بولمىسا، ئىنتىزام بولمىسا، كونا جۇڭگودىكىگە ئوخشاش قۇمدەك چېچىلىپ كېتىمىز، ئۇنداقتا ئىنقىلابىمىزنى قانداقمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز؟ قۇرۇلۇشىمىزنى قانداقمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيمىز؟" («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 228—229-بەتلەر) ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ، جۇڭگونى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قۇرۇلۇشنى ئىنتىزام ئاساسىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 429-بەت) ئورتاق غايە بولمىسا، ئىدىيىۋى جەھەتتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئورتاق ئىنتىزام بولمىسا، ھەرىكەت جەھەتتە تەرتىپسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ.

باشقىلىرىمۇ، مەسىلەن، "تۆت بولۇش" ئىچىدىكى ئەخلاقلىق بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى سوتسىيا-لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا دەپ قاراپ، بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. مەركەز يەنە ئېلىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى نۇرلاندۇرۇش ۋە كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئېتىكا ئەخلاقى ئەھۋاللىرىنى ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ئەخلاق مەسىلىسى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھەرگىز ئەھمىيەتسىز نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت

قىلىش، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىن پايدىلىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا سېلىش، شۇنداقلا يېقىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى ئىلىم-پەن ۋە مائارىپقا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەتلىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 3. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئىككى مۇھىم ۋاستىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىرەر ئەجىر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى پەيدىنپەي جۇغلىنىش، پەيدىنپەي راۋاجلىنىش، سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر تەسىرنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. مەنىۋى مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرى ئىچىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەربىيە بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ۋاستىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ يەردە ئېيتقان تەربىيە ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى، ياكى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، مەيلى بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەيلى ھازىر، مەيلى كەلگۈسىدە بولسۇن، بۇلار بىزنىڭ ھەققىي ئۈستۈنلۈكىمىز، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز ۋە دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قازىنىشىمىزدىكى روھىي قورالىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغان ۋە سىرتقا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن شارائىت ئاستىدا، جەمئىيەتتە بەزى پاسسىپ، سەلبىي ئامىللار مەيدانغا كەلدى ۋە يامراپ كەتتى، بەزى كادىرلار چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا تاقابىل كېلەلمەي، چىرىكلىشىپ سۈپىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات جەھەتتە كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللار پەيدا بولدى، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ مەسلىلەرنى قانداق قىلغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؛ كۆپ سانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەربىيە ئېلىپ بېرىش زۆرۈر، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، «ئېگىزلىك مەسىلە كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە. ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان، ئۈنۈملۈك بولغان ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى پەيدىنپەي يۈكسەك ئىدىيىۋى ئاڭغا، ئالىيجاناب ئەخلاقىي تەبىئەتكە ۋە ئالىيجاناب روھىي دۇنياغا ئىگە قىلىش لازىم. لېي فېڭ، جياۋ يۈيلۇ ۋە ھازىرقى كۇڭ فەنسېن، لى رۇنۋۇ، لى گۇيەن قاتارلىق ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلارنى ۋە ئاممىنى ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئىممۇنىتېتلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش جەھەتتە مۇستەھكەم ئاساس سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. كەڭ كادىرلارغا قارىتا يەنە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش-پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇشتەك مەقسىتىگە ئاساسەن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم. قىسقىسى، كۆپچىلىك كىشىلەرگە قارىتىلغان مەزمۇنى كەڭ بولغان ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش—ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىردۇر.

كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا دەرسخانىدا سۆزلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. دەرۋەقە دەرسخانىدا سۆزلەشمۇ بىر خىل مۇھىم شەكىل، لېكىن ھەرگىزمۇ بىردىنبىر شەكىل ئەمەس. ھەر خىل تەشۋىقات-مەدەنىيەت ۋاسىتىلىرىنى، بولۇپمۇ تارقىتىش دائىرىسى كەڭ، تارقىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. ”ئالىيجاناب پەزىلەت ئارقىلىق كىشىنى يېتىلدۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئەسەر ئارقىلىق كىشىنى ئىلھاملاندۇرۇش“ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فاڭجېنىنىڭ كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر. بىز چوقۇم ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىستېتىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەربىيىچىلىك رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بېرىدىغان ياردىمىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

كۆپ خىل ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشتىن باشقا، يەنە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى ياقتۇرىدىغان ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەربىيىنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۇرۇپ، ئاممىنى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش مەقسىتىگە يېتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر خىل ياخشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت شارائىتىنى يارىتىشمۇ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا زۆرۈر. مەكتەپ مەدەنىيىتى، كارخانا مەدەنىيىتى، بازار مەدەنىيىتى، يېزا مەدەنىيىتى، شەھەر ئىجتىمائىي رايون مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى كۈچەپ ياخشىلاپ، ئوخشىمىغان تىپتىكى مەدەنىيەتلەرنى ساغلام يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، جەمئىيەتتىكى پاسسىپ، چىرىك ھەتتا ئىپلاس نەرسىلەرگە ۋە ھەر خىل روھىي ئەخلەتلەرگە قىلچىلىك بوش ئورۇن قالدۇرماسلىقىمىز، جەمئىيەتنە نىسپىي ھالدا پاك بولغان روھىي مۇھىتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ ھەر خىل ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىمىز، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىمىز مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كۈچىنى يوقاتماستىن، ھەقىقىي تۈردە مۇناسىپ تەسىرىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، مەنىۋى مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى ۋاستىسى تەربىيىدىن ئىبارەت، لېكىن تەربىيە ھەممىگە قادىر ئەمەس. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەربىيە ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، لېكىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەربىيە مەسىلىنى ھەل قىلىپمۇ كېتەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا تۈرلۈك زورلاش چارىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى چەكلەشكە، ھەتتا قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئۇلارنى جازالاشقا توغرا كېلىدۇ، بۇمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە. رەزىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چىرىتكەن، ئىجتىمائىي مۇھىتنى زەھەرلىگەن، قايتا-قايتا تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ھەمدە جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ئاشۇ كىشىلەرگە قارىتا قانۇن ۋاستىسىنى قوللىنىپ زەربە بېرىلىشى، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلىنماسلىقى كېرەك. خىيانەت قىلىپ چىرىكلەشكەن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغان كادىرلارغا قارىتا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن بويىچە جازاغا تارتىشقا تېگىشلىكلىرى قانۇن بويىچە قەتئىي جازاغا تارتىلىشى، ھەرگىز ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىلمەسلىكى كېرەك. پەقەت تەربىيە بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئىككى ۋاستە بىرگە قوللىنىلغاندىلا، پارتىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ داۋاملىق يامانلىشىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالغىلى، ساغلام كەيپىياتنى ئۇلغايتىپ، يامان ئىستىللارنى يوقىتىپ، ساغلام، مەدەنىي نەرسىلەر ئىگەللىگەن زېمىننى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭەيتىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ”بىز ھازىر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئۇنىڭ بىرى، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، يەنە بىرى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا بەزى يامان نەرسىلەرنىڭ كىرىپ خەلقىمىزگە تەسىر كۆرسىتىشى

تۇرغان گەپ. خەۋپ-خەتەر بار دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇنى ئەڭ چوڭ خەۋپ-خەتەر دېيىش كېرەك. بىز بۇ مەسىلىنى ئىككى ۋاستە بىلەن يەنى قانۇن ۋاستىسى ۋە تەربىيە ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىمىز. بوشاشتۇرۇپ قويماي، ئەستايىدىل تۇتساقلا، چارە تېپىلىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 319-بەت)

## 4. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە روھىي ئىنژېنېرلارنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنە ئىنتايىن كەڭ، ئىنتايىن مۇھىم بىر ساھەسى بار، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ساھەسىدۇر. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ساھەسى نەزەرىيە، مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئاخبارات-نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە، سەھىيە-تەنتەربىيە، كۇتۇپخانا-مۇزېي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ساھەلەر تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق، بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا خەلق ئاممىسىنى روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇنىدۇر. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئېلىمىز مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيىتى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كەڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى لازىم. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: "ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش ۋە دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ ئاساسى، ئۇ ئېلىمىز مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ." («جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز») ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ئۇنىڭ باشقا مەدەنىيەت بىلەن پەرقلىنىدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ داغدام

يولىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇ مۇقەررەر ھالدا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە چەتئەلنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. لېكىن بۇ ئۆلگۈلەش جەريانى، تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش جەريانى بولۇشى لازىم، بۇنىڭدا جەۋھىرىنى ئېلىۋېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاش يولىنى تۇتۇش كېرەككى، قانداق بولسا شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگودا تۇرۇپ دۇنياغا يۈزلىنىشى، ھازىرقى زاماندا تۇرۇپ ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىشى، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش بىلەن بىر چاغدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئاساسىي مېلودىيىنى جاراڭلىتىش بىلەن بىر چاغدا خىلمۇخىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشى، خەلق ئاممىسىنى كۆپ تەرەپتىن ئەلا سۈپەتلىك روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان روھىي-مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى لازىم.

ئىدىيە-مەدەنىيەت سېپىدىكى ھەرقايسى تارماقلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن روھىي مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان ”ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب پەزىلەت ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش“ ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەگەر بىز بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرالىساق، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان بولىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىدىيە-مەدەنىيەت سېپىدىكى تارماقلار نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئاز بولمىغان ياخشى ياكى بىر قەدەر ياخشى روھىي مەھسۇلاتلار مەيدانغا كەلدى، لېكىن، بۇنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە تېخى بەلگىلىك پەرق مەۋجۇت. مۇھىم مەسىلە ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەر، نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىر قەدەر ئاز بولغانلىقىدا. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر جەرياندۇر، بىر نادىر ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن جەھەتتىكى شەرت-شارائىتلارنىڭ ھازىرلىنىشى تېخىمۇ زۆرۈر، يالغۇزلا يازغۇچىنىڭ ياخشى سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. يىراقنى كۆزلىگەندە، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە باغلىق. تۈرلۈك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىنژېنېرى دېيىشكە بولىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى توغرا كوئوردىناتتىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئەگەر ئۇلاردا تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتەرسىز، توغرا ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە كەسكىن ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى

www.uyghurkitap.com

كەمچىل، زۆرۈر بولغان پەن-مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن بولسا، قانداقمۇ دەۋرگە مۇناسىپ، ۋەتەن ھەم خەلققە مۇناسىپ بولغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يارىتالىسۇن؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ روھىي ئىنژېنېرلارنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئىدىيە-مەدەنىيەت سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر بىر يولداشنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدىكى تەبرىك نۇتقىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: ”ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تونۇشىنى بىلىش، تونۇشىنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە بارغانسېرى كۆپرەك يولداشلارنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تەربىيە ئېلىشى كېرەك. خەلقنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئوزۇق ئېلىشى كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى كىم تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارغا كىم ئوزۇق بېرىدۇ؟ ماركسىزم بۇنىڭغا خەلق دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. خەلق—ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى. بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا. ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا، ياكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۈچەكلىشىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج، خەلق تۇرمۇشىدىن ئاڭلىق ھالدا سىيۇژىت، تېما، ۋەقەلىك، تىل، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە زوق ئېلىش، ئۆزىنى خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى ئارقىلىق تەربىيىلەش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىدىكى توپ يولى. بىز ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ چوقۇم مۇشۇ يولدا قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 456-بەت) ئەگەر يۇقىرىدىكى بىر ئابزاس سۆزنى مەخسۇسلا ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە قارىتىپ ئېيتقان دېسەك، 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت سېپىدىكى پۈتۈن يولداشلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، روھىي ئىنژېنېرلارنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ”ئىدىيىۋى سەپتىكى جەڭچىلەر ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىنژېنېرلىرىدىن بولۇشى كېرەك. بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋردە، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتى ناھايىتى زور...روھىي ئىنژېنېر بولغان كىشىلەر ماركسىزم بايرىقىنى، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ماقالىسى، ئەسىرى، دەرسى، نۇتقى، ئويۇنى ئارقىلىق خەلققە تارىخقا توغرا مۇئامىلە قىلىش، رېئاللىقنى توغرا تونۇش، سوتسىيالىزمغا ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە قەتئىي ئىشىنىش توغرىسىدا

تەربىيە بېرىشى ۋە يول كۆرسىتىشى، خەلقنى جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلەپ، پائال ئىلگىرىلەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش تەلىپىنى ھەقىقىي ئورۇنداپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇش يولىدىكى ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇ-رۇشى كېرەك.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 78—79-بەتلەر) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزلىرى نەقەدەر چوڭقۇر-ھە! ئۇنىڭدا، مەدەنىيەت-ئىدىيە سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق يولداشلار ۋە بارلىق مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۈچۈن تۈپ نىشان ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئىدىيە-مەدەنىيەت سېپىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەت تۈيغۇسىغا ئىگە بارلىق خىزمەتچىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ بويىچە، ئىنسانلارنىڭ ئۈلگىمگە لايىق بولغان روھىي ئىنژېنېرلىرىدىن بولۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىشى، تەربىيىچىلەر ئالدى بىلەن تەربىيە ئېلىشنى، خەلققە ئوزۇق بەرگۈچىلەر ئالدى بىلەن خەلقتىن ئوزۇق ئېلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى، ئۆزلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك تاللانغان مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى بارغانسېرى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە پۈتكۈل سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن يېڭىدىن زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەم تاۋار**
**ياسىن مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 9-بەش يىللىق پىلاندىكى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يېڭىچە ئوي-پىكىر بولۇشى كېرەك

**ياڭ يوڭجې**

ئاشلىق، پاختا، ماي قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش؛ يېزىلاردىكى نەچچە ئون مىليون نامرات ئاھالىنىڭ قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىككى چوڭ نىشانىدۇر. يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئاچچىق، مۇشۇ ئاساستا يېزا ئىگىلىككە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئۆزگەرتىپ، قۇدرەتلىك زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنى تەدرىجىي بەرپا قىلىش، شۇ ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىدۇر. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيىتىدىكى ئاساسلىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسىپلەرنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ماركسىزملىق ئىقتىساد نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاساسەن پەرقسىز بولغان ئوتتۇرىچە پايدىغا ئېرىشكەندىلا، ھەرقايسى كەسىپلەر ئاندىن تەڭكەش-تەكشى تەرەققىي قىلالايدۇ. دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەردە، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر بىلەن غەيرىي دېھقانچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ يىللىق كىرىم سەۋىيىسى ئاساسەن ئوخشاش، بەزىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخى كۆپرەك بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىنىڭ ئاجىز، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكى ۋەتەنداشلارنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. 1994-يىلىنى مىسال قىلساق، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىن قارىغاندا، يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىش ئومۇمىي قىممىتى 4 تىرليون 500 مىليارد 600 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاشقان قىممىتى 943 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى ئەمگەكچىلىرىگە چاچقاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 2827يۈەندىن توغرا

كەلگەن؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسپلەرنىڭ ئاشقان قىممىتى 3 ترىليون 556 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسپلەردىكى ئەمگەكچىلەرگە چاچقاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 12 مىڭ 665 يۈەندىن توغرا كەلگەن بولۇپ، ئىككىسى 3.5 ھەسسە پەرق قىلغان، شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىمى جەھەتتىن قارىغاندا، 1994-يىلى يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1221 يۈەن، شەھەر-بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش راسخوت كىرىمى 3179 يۈەن بولۇپ، 1.6 ھەسسە پەرق قىلغان. مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن بايلىق سېلىنمىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇش، تېخنىكا قوشۇنى تۇراقسىز بولۇش، چەكلىك مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىدىن سىرت ساھەگە ئېقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى پەيدا بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ساپ پايدا يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولۇشى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاستا ئېشىشى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ۋە سېلىنمىنى سېلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىسىز بولدى.

بۇ خىل ئەھۋالنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟ بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدىكى ”يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا يېڭى ئوي-پىكىر بولۇشى كېرەك“ دېگەن كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ئەڭ ياخشى يولنى تېپىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇلى بار: بىرىنچى ئۇسۇلى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ باھا ياردەم پۇلى ياكى بىۋاستە ياردەم پۇلى بېرىش ئۇسۇلى، شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى سىلجىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر يىلى سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز كەم 70 مىليارد مارك بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى باش شتابىنىڭ بارلىق خامچوتىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز چوڭ، مالىيە كۈچى ئاجىز دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئوخشاش مالىيە جەھەتتىن زور مىقداردا ياردەم پۇلى بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنالمايمىز. ئىككىنچى ئۇسۇلى، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋسترالىيە قاتارلىق ئادىمى ئاز، يېرى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ بىر قەدەر چوڭ بولغان كۆلەملىك ئىگىلىكنى، يۇقىرى دەرىجىدە ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى، تېرىلغۇ يەر بويىچە كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويۇش تەرەققىياتتىكى نىشاندۇر، ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان تەرەققىيات جەريانىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلىمىمۇ دېگەندەك چوڭ بولمايدۇ، نۆۋەتتە كۆپ سانلىق رايونلارنىڭ شەرتى ھازىرلانمىدى. رېئاللىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن بولغان يول، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى تىپىك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، خەلقئارا تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوي-پە-

كىر ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئوي-پىكىر: چەكلىك مەبلەغ شارائىتىدا، ئەمگەك كۈچى بايلىقىنىڭ مول بولۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش فاكتېرىنى ئىلمىي يوسۇندا بېكىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆز تەرەققىياتى ئارقىلىق سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئاجىز كەسىپتىن تەدرىجىي يوسۇندا كۈچلۈك كەسىپكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتى-گە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

### 1. تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دەسلەپكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولىدۇر.

دۇنيا مىقياسىدىن قارىغاندا، ئومۇمەن ئادەم كۆپ، يەر ئاز، تېرىلغۇ يەر باشقۇرۇش كۆلىمى كىچىك دۆلەتلەردە، ناۋادا دېھقانلار نوقۇل تېرىقچىلىققا، بولۇپمۇ چوڭ ئېتىز ئىشلەپچىقىرىشىغا تايانسا، يۇقىرى كىرىمگە ئېرىشىش تەس بولىدۇ. بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇل، دانلىق زىرائەت ئاساس قىلىنغان تېرىقچىلىق ئاساسىدا، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېرىقچىلىقتىن ھاسىل بولغان يەم-خەشەك ئاشلىقى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، بولۇپمۇ زور مىقداردىكى شاخ-مەڭگەنلەرنى باقمىچىلىق ئارقىلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى، سۈت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش، تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش. دانىيە ۋە گوللاندىيە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسىدۇر. 1994-يىلى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە چارۋىچىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا %90نى ۋە %60نى ئىگىلىگەن. دانىيىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ 85 پىرسەنتى چارۋىچىلىقتىن كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئېلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى خېلىلا زور. 1994-يىلى ئېلىمىز چارۋىچىلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاران %29.7 بولۇپ، دېھقانلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى ئاران %8نى تەشكىل قىلغان. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىم قۇرۇلمىسىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ تەشكىل قىلغان نىسبىتىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىدە قوشۇمچە كەسىپتىن يېتەكچى كەسىپلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش مەملىكىتىمىزنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. ھازىر، ھەرقايسى جايلاردا تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئۈلگىلىرى بار. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گوۋۋيۇەن تەشەببۇس قىلغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كالا بېقىش، شاخ-مەڭگەن-

لەرنى قىغ شەكلىدە ئېتىزغا قايتۇرۇش ئىشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى، بەزى رايونلار ”تېرىقچىلىق ئارقىلىق باقمىچىلىقنى ئالغا سۈرۈش، باقمىچىلىق ئارقىلىق تېرىقچىلىقنى تولۇقلاش، تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش“تىن ئىبارەت مۇۋەپپەقىيەت يولىنى تېپىپ چىقتى.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەجرىبىلەر تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىش، مۇۋاپىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش — يېزا ئىگىلىك دەسلەپكى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاھالە كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتىكى قىس بولۇش ئەھۋالى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھادىسە بولىدۇ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ئاشلىقتىن ئۆزگە يېمەكلىك مەنبەسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مەملىكىتىمىزنىڭ تۈپ دۆلەت سىياستى بولۇشى كېرەك. ئىلگىرى بىز ئاشلىق قاتارلىق بىۋاستە ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى باقمىچىلىق ئارقىلىق ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ كەلدۇق، ئەمما تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىكى ئىنسانلار بىۋاستە ئىستېمال قىلسا بولمايدىغان قىسمىنى باقمىچىلىقتا ئىشلىتىپ، گۆش، تۇخۇم، سۈت، بېلىقنى كۆپەيتىپ، يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىدۇق. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، تېرىقچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئورگانىك ماددىلار ۋە ئېنېرگىيە 25% ئەتراپىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن بىۋاستە پايدىلىنىلىدىكەن، قالغان 75 پىرسەنتى ھايۋانلارنىڭ يەم-خەشكى ياكى يېقىلغۇ قىلىپ ئىشلىتىلىدىكەن. قوناق شېخى، مەڭگەن، قىزىلچا تىرىپى، ياڭيۇ كۆكى، تاتلىقياڭيۇ پىلىكى قاتارلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى مال بېقىپ ئەلا يېمەكلىككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ھەر يىلى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن چىقىدىغان شاخ-مەڭگەن ئالاھەزەل 570 مىليون توننا بولۇپ، نۆۋەتتە چارۋىچىلىقتا پايدىلىنىۋاتقىنى ئاران 20% نى تەشكىل قىلىدۇ، يەنە قېزىشقا بولىدىغان ناھايىتى زور يوشۇرۇن كۈچ بار. ناۋادا بۇ يوشۇرۇن كۈچ قېزىلسا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتكىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بازاردا گۆش بىلەن تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ. چارۋىلاردىن چۈشكەن قىغ قوتان قىغى قاتارلىقدا يەرگە ئىشلىتىلسە، مىكرو ئورگانىزمنىڭ پارچىلىشى ئارقىلىق تېرىقچىلىقنىڭ ”ئوزۇقى“ بولىدۇ.

بۇ ھەم يەرنى كۈچلەندۈرۈپ، تېرىقچىلىقتا مەھسۇلات سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، ھەم خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى ئازايتىپ، تېرىقچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق. شەندۇڭ ئۆلكىسى ئەنچيۇ شەھىرىنىڭ ئالدىنقى رولىن كەنتى 1980-يىلىدىن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە 3500 كىلوگرام ئورگانىك ئوغۇت، 150 كىلوگرام خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتەتتى، بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقتىن ئىبارەت ئىككى يىغىمنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 400 كىلوگرامغا يېتەتتى. چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، 1995-يىلى مو بېشىغا چېچىلغان ئورگانىك ئوغۇت 9000 كىلوگرامغا ئۆرلىدى، خىمىيۋى ئوغۇت 50 كىلوگرامغا تۆۋەنلىدى، بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقتىن ئىبارەت ئىككى يىغىمنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 1540 كىلوگرامغا يەتتى. گوللاندىيە، دانىيە ئىككى دۆلەت ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەنلىكتىن، خىمىيۋى ئوغۇت ھەر گېكتار يەرگە ئېلىمىزدىكىدىن 140 كىلوگرامدىن 170 كىلوگرامغىچە ئاز ئىشلىتىلدى، تېرىقچىلىقتا بىرلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى بولسا مەملىكىتىمىزنىڭكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز خىمىيۋى ئوغۇتنىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئاز، باھاسى ئۆرە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، چارۋىچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىش خىمىيۋى ئوغۇت قىس بولۇش تەڭقىسلىقىدىن قۇتۇلۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، ئاشلىق ئاساس قىلىنغان تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تۇراقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، باقمىچىلىقتا تېرىقچىلىق مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كەسپلەر زەنجىرسىنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاۋۋال تېرىقچىلىق، ئاندىن باقمىچىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. دېھقانلار باقمىچىلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسىلا، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تېخىمۇ تۇجۇپلەپ شۇغۇللىنىپ، باقمىچىلىق ئارقىلىق تېرىقچىلىققا قارشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. باقمىچىلىقنىڭ ئاساسلىق ماددىي ئاساسى ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ دېنى ۋە مەڭگەن-شېخى بولۇپ، باقمىچىلىق داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلماقچى بولىدىكەن، ئاۋۋال ئاشلىق ئاساس قىلىنغان تېرىقچىلىقنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنىڭ ئانچە تۇراقلىق بولماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بىرلا خىل ئاشلىق تېرىلغاندا كىرىم بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئاز كىرىمگە چارۋىچىلىقتىن قىلىنغان زور مىقداردىكى كىرىم قوشۇلسا، ئاشلىق تېرىش پايدىلىق ئىش بولىدۇ، تېرىقچىلىقتىن مەنپەئەت چىقىدۇ. بىز تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل بىر-بىرىگە باغلىنىش مۇناسىۋىتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، باقمىچىلىقنى تۇتۇش ئارقىلىق تېرىقچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاشلىقنى ئاساس قىلغان تېرىقچىلىقنىڭ مۇقىم ھالدا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ئاساسەن ئۆزىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلىش فاڭجېننى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ بىرقەدەر چوڭ بولغان رايونلار، ئومۇمەن يېزا-بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلمىغان، دېھقانلارنىڭ كىرىم قىلىش مەنبەسى بىرلا خىل بولغان ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق رايونلىرىدۇر. بۇ رايونلاردا يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بېسىپ ئۆتكەن يولدا ماڭماستىن، شۇ رايوننىڭ ئۆزىدە بار بولغان بايلىق ئۈستۈنلۈكى ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى تېپىپ چىقىپ ۋە يارىتىپ، تۇتۇش قىلىش نىشانىنى توغرا تاللاش لازىم. بۇ خىل رايونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باقمىچىلىق تەمىنلىگەن خام ئەشيادىن پايدىلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېزا-بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ ئوبدان تۇتۇش قىلىش نىشانىدۇر. بىرىنچىدىن، بۇ رايونلار باشقا جايلار بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە خام ئەشيا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر ۋە دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسى ئوخشاپ قېلىش زىددىيىتى كۆرۈلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار خەلق تۇرمۇشىدىكى لازىمەتلىكلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوبدان بازارغا ئىگە.

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىق بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، يېزىلاردىكى زور مىقداردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە باشقا كەسىپكە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدا ئوشۇق ئەمگەك كۈچى كۆپ، بۇ ئوشۇق ئەمگەك كۈچى ئاساسلىقى تېرىقچىلىق ساھەسىدە، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە شۇ كەسىپلەرگە مۇناسىۋەتلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىدىكى ئەمگەك كۈچى ئوشۇق ئەمەس. تېرىقچىلىق ساھەسىدىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ بىر قىسمى تەرتىپلىك ھالدا دېڭىز بويى رايونلىرىغا ۋە چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەرگە يۆتكەلسە بولىدۇ، ئەمما ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى سىڭدۈرۈدىغان، ھەزىم قىلىدىغان ئاساسلىق بازا يېزا ئىگىلىكىنى چوڭقۇرلۇقتا ۋە كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان باقمىچىلىق ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ، توشۇش، سېتىش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بىلەن، يېزىلاردىكى زور مىقداردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر ئائىلە بويىچە تارقاق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، ئەمگەكتىن سىرت ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مەجرۇھ ئەمگەكچىلەرمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئەگەر كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، سانائەتتىكىگە ئوخشاش قېلىپلاشقان ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلسا، قىممەتنى زور مىقداردا ئاشۇرغىلى بولۇپلا قالماستىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش

www.uyghurkitap.com

دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. گوللاندىيىنى مىسال قىلساق، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر پۈتۈن جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ 3.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھالبۇكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەكچىلەر بولسا 17% نى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن تۆت ھەسسىگە يېقىن كۆپ. باقمىچىلىقنىڭ ۋە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىش ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى ماھارىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان جاي بىلەن تەمىنلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى ئۆز جايىدا ياكى يېقىن ئەتراپتا يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دېگەن فاكتنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**2. ھەمكارلىشىپ پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سانائەت، سودىدىن كىرگەن پايدىسىنى دېھقانلارغا قالدۇرۇش — دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى**

تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى خام ئەشيا قىلىنغان پىششىقلاپ ئىشلەش، توشۇش ۋە سېتىش ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، 1-، 2-، 3-كەسىپنى بىر-بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش، مەھسۇلاتنىڭ ئايلىنىشى بىلەن قىممەتنى كۆپ قېتىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى يەنە بىر ئاساسىي ئۇيۇ-پىكىردۇر. مۇشۇ يول ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قىممىتىنىڭ نىسبىتى كۆپىنچە 3:1 دىن يۇقىرى بولىدۇ، مەملىكىتىمىزدە بولسا 0.5:1 نىسبەتتىلا بولۇۋاتىدۇ. يېمەكلىكلەر سانائىتىنى مىسالغا ئالساق، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە سانائەت ئىشلەپچىقارغان يېمەكلىك يېمەك-ئىچمەك ئىستېمالىنىڭ تەخمىنەن 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، دۆلىتىمىزدە بولسا ئاران 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئادەتتە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.5—2 ھەسسىسىگىچە كېلىدۇ، دۆلىتىمىزدە بولسا، يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ. خەلقئارادا ئادەتتە قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەمگە ئاساسەن، ياسىمچىلىق 23 تارماققا بۆلۈنىدۇ، ناھايىتى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ ياسىمچىلىقتا تۇتقان سالمىقى 10% تىن ئاشىدۇ. فرانسىيە، گوللاندىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ھىندونېزىيە، مېكسىكا، برازىلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يېمەكلىكلەر سانائىتى ئەڭ چوڭ ياسىمچىلىق تارمىقى ھېسابلىنىدۇ، مەملىكىتىمىزدە بولسا، يېمەكلىكلەر سانائىتىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ئاران 3% بولۇپ، ئورۇن جەھەتتە خېلىلا ئارقىدا تۇرىدۇ.

پەرق دېمەك يوشۇرۇن كۈچ دېمەكتۇر. يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزدە دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تېخى ناھايىتى زور بوشلۇق بار. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز قورساق تويغۇزۇش، پۈتۈن كىيىنىشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشتەك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا، كىشىلەرنىڭ تەييار، يېرىم تەييار مەھسۇلات قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىستېمال تەلىپى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئېتىزدىن تاماق جوزىسىغا چىققىچە يۈرۈشلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزىدىن شەھەر-بازارلارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە قازانغا سالغىلى، تاماق جوزىسىغا ئەپچىققىلى بولىدىغان قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارلارغا يۈزلەندۈرۈشتىمۇ مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوراش-قاچىلاش، توشۇش، يېڭى پېتى ساقلاش، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە تازا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. بۇلارنى جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرى ئاللىقاچان تونۇپ يەتتى، ھەرىكەتكىمۇ كېلىپ بولدى. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرقايسى جايلاردا پەيدىنپەي مەيدانغا كېلىۋاتقان سودا-سانائەت-يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يەنى شىركەت بىلەن دېھقان ئائىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا، سودىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكى ھەقىقىي يوسۇندا بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، سېتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى باشلامچى قىلىپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى بىرلىشىپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇجۇپلەپ باشقۇرۇش ۋە كۆلەملىك ئۈنۈمنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلىشىپ بازارغا يۈزلىنىشكە يېتەكلەيدۇ. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايلاردا پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش ھالقىسى دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى تېخى ھەقىقىي يوسۇندا مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەنمىدى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ئوبوروت قىلىدىغان باشلامچى كارخانىنىڭ دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئادەتتە ئۇلار ئىشلەپچىقارغان خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، كارخانا پىششىقلاپ ئىشلەپ ساتقاندىن كېيىنكى پايدا خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بەرگەن دېھقان ئائىلىلىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولماقتا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سوزۇلما ئۈنۈمى يېزا ئىگىلىكىگە قايتىپ كەلمىدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى.

چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ قارايدىغان بولساق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش ھالقىلىرىدىن كىرگەن پايدىنىڭ يېزىلارغا قالدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ

قولغا قايتىپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ”پايدىنى دېھقانلارغا بۆلۈشۈپ بېرىش“ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش ھالقىلىرىدا ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى ئاساسىدا، دېھقانلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش ئىشلىرىنى بىرلىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىشتىن كىرگەن پايدىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىغا ئىلھام بېرىش ۋە مەدەت بېرىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ساھەسىدە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئۇيۇشتۇرغان كوپېراتىپلار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش كوپېراتىپلىرىنىڭ دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سېتىۋېلىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى، دېھقانلار يەتكۈزۈپ بەرگەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ساتقاندىن كېيىن، سودا-سانائەتتىن كىرگەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقانلار يەتكۈزۈپ بەرگەن خام ئەشيانىڭ مىقدارى بويىچە دېھقانلارغا قايتۇرىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، دانىيىدىكى سىتفو سويۇش-پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى دانىيىدىكى ئەڭ چوڭ، شۇنداقلا ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ سويۇش-پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدۇر، ئۇ چوشقا باقىدىغان 5000 دېھقان ئائىلىسى ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدىغان ھەمكارلىق كارخانىسى بولۇپ، 1994-يىلى 205 مىليون دانىيە كروناسىلىك پايدىغا ئېرىشكەن، 60 مىليون دانىيە كروناسىنى تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە باشقا ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىغا خىراجەت قىلغاندىن سىرت، قالغان ھەممىنى دېھقانلارغا قايتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دەسلەپكى مەھسۇلات باھاسىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ھالقىلىرىدىن كىرگەن پايدىنىمۇ ئېرىشكەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ھالقىلىرىدىن كىرگەن پايدىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشتە تۆۋەندىكىدەك تەشكىلىي ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولىدۇ: (1) دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ساھەسىدە كوپېراتىپ ئەزالىرىغا قارىتا پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمايدىغان يېزا تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، ساتىدىغان ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش ھالقىلىرىدىن كىرگەن سودا-سانائەت پايدىسىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇش لازىم، بۇ—مەركەزنىڭ تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنى ھەقىقىي يوسۇندا دېھقانلار ئۆزىنىڭ ھەمكارلىق ئىگىلىك تەشكىلاتى قىلىپ قۇرۇش كېرەك دېگەن تەلىپىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا، تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرى يېڭى تارىخىي دەۋردە زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ

ئىختىيارىيلىق ئاساستا بىرلىشىپ تۈرلۈك كەسپىي خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ
ئىشلەش، سېتىش كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى ئالقىشلاش ۋە قوللاش كېرەك. بۇمۇ ھەمكارلىق تۈزۈمىنىڭ
بىر خىل شەكلى. (2) كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى
پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ساھەسىدە تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. يېزا-بازار كارخانىلىرى
دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ كارخانىسى، ئۇلار دېھقانچىلىقتىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قولغا كەلتۈرگەن
بىر قىسىم پايدىنى "دېھقانلارغا قوشۇپ بېرىشكىمۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە
سېتىشتىن كىرگەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقانلارغا بۆلۈشۈپ بېرىشكىمۇ" ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.
بۇنىڭدىن كېيىن يېزا-بازار كارخانىلىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئىشلىرد-
نى تەرەققىيات نۇقتىسى قىلىشى كېرەك، بۇمۇ يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى. (3)
باشقا مۇلۇكچىلىك تىپىدىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش
ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ دېھقانلارغا پايدا يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. دېھقانچىلىق
مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان دۆلەت كارخانىلىرى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي
كارخانىلار دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش توختىمى تۈزۈش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە
سېتىشتىن كىرگەن پايدىنىڭ مەلۇم قىسمىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خام
ئەشيا بازىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشى-
نى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. يۈننەن يۈيشى تاماكا زاۋۇتى بىر دۆلەت كارخانىسى بولۇپ، بۇ زاۋۇت
تاماكا تېرىشنى "بىرىنچى سېخ" قاتارىدا تۇتقان، شۇ رايوندا تاماكا تېرىيدىغان 200 مىڭدىن ئارتۇق
ئائىلىدىكى دېھقانغا شتات سىرتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلغان، سانائەتتىن كىرگەن
پايدىنى ئېشىقا كىرىشىش مەبلىغى قىلىپ، 12 خىل شەكىل بىلەن "بىرىنچى سېخ"قا قايتۇرغان، بۇنىڭ
بىلەن ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغان، ھەم خام ئەشيا مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇرغان ۋە راۋاجلاندۇرغان.
قىسقىسى، ھەر خىل شەكىلدىكى سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى
تەشەببۇس قىلىش، سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئورتاق مەنپەئەت گەۋدىسى قىلىپ
ئۇيۇشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ئېلىمىز يېزىلىرىدا 200 مىليوندىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى بار،
دائىرە شۇنداق كەڭ، مەلۇم بىر خىل شەكىل ھەممە يەرگە باب كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ. بولۇپمۇ
دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئوبوروت قىلىش كارخانىلىرىنى
كۈچەپ راۋاجلاندۇرۇش لازىم، ئۇ سودا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ
تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ ئاساسى.

**3. پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن كىرگەن تاپاۋەتنى ئەڭ زور دەرىجىدە**

www.uyghurkitap.com

## كۆپەيتىش — يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى

مەيلى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بولسۇن، ياكى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە توشۇش-سېتىش كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بولسۇن، ھەممىسىدە تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، بايلىق مەنبەلىرىنى تېجەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق نىسپىي ھالدا ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى بار. ئەگەردە تېرىقچىلىق ئاساسىدا باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئاساسىدا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە توشۇش-سېتىش كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ”قوشۇش ئەملى“ يەنى قىممەتنى كۆپەيتىش نۇقتىسىدىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يولى دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، بايلىق مەنبەسىنى تېجەپ ئىشلىتىش ”ئېلىش ئەملى“ يەنى سەرپىياتنى كېمەيتىش نۇقتىسىدىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش يولى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندە، سەرپىياتنى كېمەيتىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىلىشتۇرما ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ سەرپىياتنى كېمەيتىش جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ زور، تېخنىكا پۇختا، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش تامامەن مۇمكىن.

تېرىقچىلىق ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئېلىمىزدە گەرچە يەرگە تۇجۇپلەپ ئىشلەيدىغان تارىخىي ئەنئەنە بار بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى زاماندىن بۇيان غەرب ئەللىرى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ قوللىنىپ، بىزدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. يەر، ئوغۇت، سۇ تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۈچ چوڭ ئامىلدۇر. بۇ ئۈچ چوڭ ئامىلنىڭ ئۈنۈمدارلىقى جەھەتتە ئېلىمىز بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بار. ئالدى بىلەن تېرىلغۇ يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى جەھەتتىكى پەرقنى كۆرۈپ باقايلى. 1992-يىلى فرانسىيە، مىسىر، ياپونىيە، گېرمانىيىلەردە ھوسۇل ئېلىنغان ھەر بىر گېكتار يەردىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 6516 كىلوگرام، 5869 كىلوگرام، 5847 كىلوگرام ۋە 5334 كىلوگرام ئاشلىق مەھسۇلاتى ئېلىنغان، ئېلىمىزدە بولسا، تېرىلغان ھەر بىر گېكتار يەردىن ئاران 3067 كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنغان. ستاتىستىكا قىلىنىشى ئوخشاش بولمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىلنى چىقىرىپ تاشلىغاندىمۇ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى جەھەتتە دۆلىتىمىز بىلەن بۇ تۆت دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا ئادەمنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە زور بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، گوللاندىيىدە ھەر گېكتار يەردىن 8000 كىلوگرام بۇغداي ئېلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭكىدىن 2.3 ھەسسە كۆپ بولغان؛ 4500 كىلوگرام ياڭيۇ ئېلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭكىدىن 3.3 ھەسسە كۆپ بولغان؛ 68 مىڭ كىلوگرام قىزىلچا ئېلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭكىدىن 3.4 ھەسسە كۆپ بولغان. ئەمدى خىمىيىۋى ئوغۇتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتىكى پەرققە

قاراپ باقايلى. ئېلىمىزدە بىرلىك كۆلەم بويىچە بېرىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئاران %40—30 بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭكىنىڭ يېرىمىچىلىك كېلىدۇ. ئەگەر ھازىرقى سەۋىيىمىز ئاساسىدا، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى %10 ئۆستۈرەلىسەك، %30 چىلىك خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئاز ئىشلىتەلەيمىز. ئاخىرىدا، سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى جەھەتتىكى پەرقنى ئالايلى. 1993-يىلى ئېلىمىزدە ھەر مو يەرنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن سۇ 594.6 كۇب مېترگە يەتكەن، ئەگەر بۇنى ئىسرائىلىيىنىڭ 1989-يىلىدىكى سەۋىيىسىگە چۈشۈرەلىسەك، 1993-يىلىدىكى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى بىلەن 1 مىليارد 140 مىليون مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى، بۇ ئەمەلىيەتتە سۇغىرىلغان 740 مىليون مو يەردىن 400 مىليون مو كۆپ ئەمەسمۇ! ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ ھاسىلات ئۈنۈمىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇنىڭدىكى پەرق تېخىمۇ روشەن. ئىسرائىلىيىدە بىر كۇب مېتر سۇغىرىش سۈيى سەرپ قىلىپ 2.32 كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنىدۇ، ئېلىمىزدە بولسا ئاران بىر كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنىدۇ. يەر، ئوغۇت، سۇدىن باشقا، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا سەرپ قىلىنىدىغان باشقا ماددىي ئامىللارنى تېجەشتىمۇ يوشۇرۇن كۈچ بار. ئۇرۇقنى مىسالغا ئالساق، ھازىر مەملىكەت بويىچە 12 مىليارد 500 مىليون كىلوگرام ئۇرۇق ئىشلىتىلىدۇ، ئەگەر خىل ئۇرۇق تېرىش يولغا قويۇلسا، %20 ئۇرۇقنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

باقمىچىلىقتىن قارىغاندىمۇ، تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش، سەرپىياتنى ئازايتىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن زور. دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئېلىمىزدە تىرىك چوشقىنى بىر كىلوگرام سەمرىتىش ئۈچۈن 2—2.1 كىلوگرام يەم-خەشەك كۆپ سەرپ قىلىنىدۇ؛ گۆش توخۇسىنى بىر كىلوگرام سەمرىتىش ئۈچۈن 1.4—1.9 كىلوگرام دان كۆپ سەرپ قىلىنىدۇ؛ بىر كىلوگرام تۇخۇم تۇغدۇرۇش ئۈچۈن 1.1—1.6 كىلوگرام دان ئارتۇق سەرپ قىلىنىدۇ. چارۋىچىلىقى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان دانىيىنى مىسالغا ئالساق، چوشقىنىڭ قوتاندىن چىقىش نىسبىتى %200 بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى %107.13 تىن خېلىلا يۇقىرى، سەرپ قىلىنغان يەم-خەشەك بىلەن ئېلىنغان گۆشنىڭ نىسبىتى 1: 2.83 بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى 1: 5—4.5 دىن خېلىلا تۆۋەن تۇرىدۇ؛ ھەربىر سىيىردىن ئېلىنىدىغان يىللىق سۈت مىقدارى 7000 كىلوگرام بولۇپ، ئېلىمىزدىكى 2805 كىلوگرامنىڭ 2.5 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە توشۇش-سېتىش كەسىپلىرىدىن قارىغاندىمۇ ئوخشاشلا قېزىشقا بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچلەر بار. مەملىكىتىمىزدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدە ساقلىنىۋاتقان بىر ئاساسىي مەسىلە بايلىق مەنبەلىرىنى ئۈنۈملۈك ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدا. شېكەر قوناقنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى ئالساق، قەنت ئىشلەپچىقىرىلغاندىن باشقا، كېرەكسىز قەنت دۇغلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېتىتقۇ ئىشلەپچىقارغىلى، شېكەر قوناق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ يېشىل يەم-خەشەك، پىششىق پىرىسلانغان تاختا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. كۆممىقوناقنى پىششىقلاپ ئىشلەپ كىراخمال ئىشلەپچىقىرىشنى مىسال كەلتۈرەيلى، كۆممىقوناقنىڭ تاشلاندۇق ئۇندۇرمىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، دورا قىممىتىگە ئىگە ئالىي سۈپەتلىك كۆممىقوناق يېغى ۋە سۈپەتلىك يەم-خەشەك خام ئەشياسى ئۇندۇرمە قوتۇرمىچى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، كۆممىقوناق چىلانغان كېرەكسىز سۇنى قويۇلدۇرغاندىن كېيىن تېتىتقۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندە كېلىپ چىققان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ۋە كېرەكسىز ماددىلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىدىن خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەتنىڭ خام ئەشيا بۇيۇملىرىنى، تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك بۇيۇملىرىنى، يېمەكلىك، يەم-خەشەك، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلارنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ.

ئېلىمىزدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش-سېتىش ئىشلىرىدا خوراش، ئىسراپچىلىق ئەھۋاللىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك. ساقلاش-توشۇش ئەسلىھەلىرىمىز كونا، تېخنىكىمىز قالاق بولغاچقا، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ تاۋار ئاشلىقنى توشۇش-سېتىش جەريانىدىكى خوراش نىسبىتى %12 كە يېتىپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ %3لىك سەۋىيىسىدىن خېلىلا يۇقىرى ئىكەن، ب د ت ئاشلىق ۋە يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى بەلگىلىگەن %5 لىك سەۋىيىدىنمۇ يۇقىرى تۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپ مىقدارلىق يېڭى، تىرىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋاقتىدا توشۇلالمىغانلىقتىن، ياكى يېڭى پېتى ساقلاش ئەسلىھەلىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن كۆپلەپ سېسىپ كېتىپ، كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە زىيان بولماقتا. ھەسلەن، كۆكتاتنىڭ خوراش نىسبىتى %25 كە، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ %30 كە يەتكەن، سۇ مەھسۇلاتلىرىمۇ %10 تىن ئارتۇق خورىماقتا. خوراش ئازايتىلسا، توشۇش-سېتىش تەننەرخىنى چۈشۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ پايدا قالدۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتۈرگەن داڭلىق مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن كىرگەن تاپاۋەت نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشمۇ ئوخشاشلا دېھقانلارنىڭ سودا-سانائەت پايدىسىدىن كىرگەن كىرىمىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

خوش، قانداق قىلغاندا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىدە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلغار تېخنىكىلارنى پائال كىرگۈزۈپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىپ، ئىلغار، يارامىلىق تېخنىكىنىڭ شۇ سىستېما ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە

كېڭەيتىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر كېڭەيتىش ئورگانلىرىنىڭ زۆرۈر راسخوتىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن سىرت، كېڭەيتىش تەشكىلاتلىرىنىڭ كېڭەيتىشكە بىرلەشتۈرۈپ پايدا كىرىدىغان تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، مەسىلەن، سورتلۇق ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلارنى سېتىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرۈش؛ ئۈچىنچى، دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىلغار، ياراملىق تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، بۇ يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپلەپ باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم ھالقا؛ تۆتىنچى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئالدى بىلەن سورتلۇق ئۇرۇقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، سۇغىرىش سۈيىنى تېجەش، خىمىيىلىك ئوغۇتلارنى چوڭقۇر بېرىش، خىل ئۇرۇقنى تېرىش، يەرگە يوپۇق يېپىش، شالنى بىنەم يەردە يېتىلدۈرۈش-شالاڭ تېرىش ۋە مايسا تاقلاش قاتارلىق يۇقىرى، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئېلىش، سەرپىياتنى كېمەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدىغان تەدبىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش ھەمدە ”قوزغاتقۇچ دورا“لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانلارنى كۆپلەپ كۈك سەرپ قىلىش-مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەش ۋە تۈرتكە بولۇش؛ بەشىنچى، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش يوللىرىنى ئېچىش، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش ئىشلىرىدا دۆلەت پۇل قەرز بېرىش ھەم سىياسەت جەھەتتىن مەدەت بېرىشى كېرەك.

**4. ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق كەرىمنى قوغداش—يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى**

يۇقىرىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى قانداق قىلىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى بايان قىلدۇق. بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوبدان تاشقى شارائىت ياراتقاندىمۇ، ئوخشاشلا يېزا ئىگىلىكىنى سېلىشتۇرما ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تاشقى شارائىت ئامىلى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ: بىرىنچىسى، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك ئاپىتى كۆپ بولۇپ، ھەر يىلى بۇ ئاپەتلەر نەچچە ئون مىليارد كىلوگرام ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئازلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماقتا؛ ئىككىنچىسى، دۆلەت ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى تۆۋەنرەك بولۇپ، بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى ئۈستۈن بولۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەننەرخى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىش ئەھۋالىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بەزى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنلەش مىقدارى سەللا كۆپەيسە، بازاردا باھا دەرھال زور نىسبەتتە چۈشۈپ كېتىش

www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى كۆرۈلدۇ، دېھقانلار ۋاقتىدا مۇناسىپ تۈردە قوغدالمىغانلىقتىن، زىيان تارتتى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىغا ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى پەيدىنپەي قويۇۋېتىلدى. ھازىر دۆلەت ئاساسەن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق بىلەن پاختىنىڭ باھاسىنى بەلگىلەپ بېرىۋاتىدۇ، ھالبۇكى ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق مىقدارى بارلىق تاۋار ئاشلىقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ، تاۋار ئاشلىقنىڭ قالغان كۆپ قىسمىنىڭ باھاسىمۇ قويۇۋېتىلگەن. دۆلەت بۇلتۇر پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈردى. دۆلەت ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق كىرىم قىلىپ، ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغىشى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل يەنە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۆلكىلەرنىڭ دۆلەت بىر تۇتاش ئۆستۈرگەن باھا ئاساسىدا باھا سىرتىدىكى ياردەم پۇلى بېرىش ۋە ئاشلىق بىلەن ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش يولى بىلەن سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاشلىقنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇناسىپ تۈردە تەڭشىلىدۇ، شەھەر-بازارلاردىكى كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەرگە ۋە يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرگە، ئاپەت رايونلىرىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قالغانلارغا نىشانلىق ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا مەلۇم داۋالغۇشنىڭ بولۇشى نورمال ئىش، بۇ قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رول ئوينىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىراق داۋالغۇش ھەجمىنىڭ بەك زور بولۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا ۋە بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پايدىسىز. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلەپنىڭ ئېلاستىكىلىقى كىچىك بولغانلىقى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش تەس بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مىقدارىدىكى ئازغىنە داۋالغۇش كۆپ ھاللاردا باھادا زور داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان قويۇۋېتىلگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بۇ مەسىلىمۇ كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلەنمەكتە. 1995-يىلىدىكى ئەھۋالنى مىسالغا ئالساق، نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مايلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، پىلە غوزىسى، تىرىك چوشقا قاتارلىقلارنى سېتىش بىر مەھەل قىيىن بولۇپ كەتتى، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە چۈشتى. بۇ يىل يىل بېشىدا ئاشلىق ۋە پاختىنى يۆتكەش-سېتىش سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقى، پۇل خەزىنىگە ۋاقتىدا قايتالمىغانلىقى، بەزى جايلاردىكى يەرلىك مالىيە ۋە ئاشلىق كارخانىلىرى غەملەشكە تېگىشلىك سېتىۋېلىش مەبلىغىنى غەملەپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر قىسىم ئاساسىي رايونلاردا ئاشلىق، پاختا

سېتىش قىيىن بولۇش، سېتىۋالغاندىن كېيىن ئاق ھۆججەت بېرىش، باھا بەك كۆپ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بۇ ھالەتنى تېز ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشتا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ مەملىكەت ئىكەنلىكى، ئاشلىق ۋە باشقا ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تەلەپنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى، ئېشىپ قېلىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى، مەلۇم بىر خىل مەھسۇلات بىر مەھەل سەل كۆپ بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ بۇنىڭ ۋاقىتلىق ئەھۋال ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشى ئاچقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇنقى ساۋاق شۇكى، ۋاقىتىنچە سەل كۆپ بولۇپ كېتىش ئەھۋالىغا قارىتا مۇناسىپ مۇئامىلە تەدبىرى كەم بولۇپ قېلىپ، ۋاقتىدا قوغداش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش ۋە زاپاس ساقلاشقا قادىر بولالماي قېلىش نەتىجىسىدە، "ئاشلىق ئەرزان بولۇپ قېلىپ دېھقانلار ئازار يېدى"، ئارقىدىنلا ئىشلەپچىقىرىش پەسىيىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بىزنىڭ بىر دەم كۆپ بولۇش، بىر دەم ئاز بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش گاھ راسا يۇقىرىلاپ، گاھ راسا پەسىيىش غەلىتە چەمبىرىكىدىن دائىم چىقىپ كېتەلمەسلىكىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەنە شۇ. بۇ ھال ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا گوۋۇيۈەننىڭ بېكىتىمىسىگە ئاساسەن، مەخسۇس ئاشلىق زاپىسى ساقلاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر خەۋپ-خەتەر تەڭشەش فوندى تەسىس قىلىندى، بۇلار مۇھىم رول ئوينىدى، بۇلارنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش لازىم. ئاشلىق، پاختا زاپىسى ساقلاش تۈزۈمى ۋە خەۋپ-خەتەر فوندى تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۆش، ماي، شېكەر قاتارلىق بازىرى ئىتتىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى جەھەتتىمۇ زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەمدە مۇناسىپ زاپاس مەبلىغىنى ھەل قىلىش زۆرۈردەك تۇرىدۇ. زاپاس ساقلاش، تەڭشەشكە مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارماقلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى نازارەت قىلىش-مۆلچەرلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ بولسا كىرگۈزۈش، ئاز بولسا چىقىرىش تەلىپىنى ھەقىقىي تۇردە ئورۇنداپ، ۋاقتىدا بولۇشقا تىرىششى، ئارقىدا قالماسلىقى، بازارنى تەڭشەش-تىزگىنلەش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئۆز مەنپەئەتىنى دەپ، نەرسە ئاز چاغدا دەرىجىسىنى ۋە باھاسىنى ئۆستۈرۈپ تالىشىپ سېتىۋېلىشقا قاتنىشىدىغان، نەرسە كۆپ چاغدا سېتىۋېلىشنى رەت قىلىدىغان ياكى دەرىجىسىنى ۋە باھاسىنى چۈشۈرىدىغان، تەڭشەش-تىزگىنلەشكە قارشى يولنى تۇتىدىغان ئەھۋالنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە خەلقئارا سودىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتلەر ئارا بايلىق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئىمپورت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى ئىچكى ئېھتىياجغا ماس كېلىشى كېرەك، شۇنىڭدەك ئەتكەسچىلىككە قاتتىق زەربە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش لازىم.

www.uyghurkitap.com

دېمەك، تېرىقچىلىق بىلەن باقمىچىلىقنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇبوروت قىلىش ساھەسىدە ھەمكارلىق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئىلىم-پەن، مائارىپقا تايىنىپ ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تېگىشلىك دەرىجىدە قوغداش —مانا بۇلار يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئوي-پىكرىنى ھاسىل قىلدى. مۇشۇ ئاساستا دادىل ئىزدىنىدىغان، ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلا بولساق، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىمۇ ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ دارامىتىنىمۇ كۆپەيتىش دېگەن ئىككى مەقسەتكە يېتەلەيمىز، ئېلىمىزدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى چوقۇم بارا-بارا ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

(ئاپتۇر: گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
ئايشەم تاۋار

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# ستاتىستىكا خىزمىتىدىمۇ ساختىلىقنى تۈگىتىش كېرەك

جاڭ سەي

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشەنى، شۇنداقلا ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى كەسپىي ئەخلاقنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. توغرا ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈشىنىڭ مۇھىم ئاساسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەقىقىي بولۇشى ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ جېنى بولۇپ، بۇنىڭغا ساختىپەزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق، بىر مەزگىلدىن بۇيان ساختا مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش، شەكىلۋازلىق قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللار بىر قىسىم رايون ۋە بىر قىسىم تارماقلاردا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرگەن ئەھۋاللار بۇ رايونلار، تارماقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ناھايىتى زور پەرق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

1994-يىلى دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى ۋە گوۋۇيۈەن قانۇن-تۈزۈم ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتى بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە كەڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنى ساختىلىق بىلەن دوكلات قىلغان جەمئىي 20 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاساسلىق بىرنەچچە ستاتىستىكىلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ تەكشۈرۈلۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كۆرۈلۈۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە، بولۇپمۇ يېزا-بازار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە، ئاساسلىق مەسىلە يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش؛ يېڭىدىن تۇغۇلغان نوپۇس سانى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى جەھەتتە، ئاساسلىق مەسىلە ئاز مەلۇم قىلىش؛ ئاشلىق زاپىسى جەھەتتە، ھېساباتتا يېزىلغىنى بىلەن ئەمەلىي مال-مۈلۈك بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان ئەھۋاللار ساقلانماقتا؛ ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى، مال باھاسىنىڭ كۆرسەتكۈچ سانى ۋە نوپۇس سانى جەھەتتىمۇ بىر قىسىم جايلاردا كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىدىغان ۋە يوشۇرۇپ ئاز مەلۇم قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنىڭدىن باشقا، ئومۇمىي مائاش سوممىسىنى يوشۇرۇپ ئاز مەلۇم قىلىش، ئاشلىق-پاختا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىشتەك ئەھۋاللارمۇ بىر قىسىم جايلاردا پات-پات كۆرۈلۈپ تۇرماقتا.

مەسىلەن، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك ستاتىستىكا

ئىدارىسى بىرلىشىپ مەلۇم بىر ناھىيىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ناھىيىلىك يېزا-بازار كارخانىلىرى-نى باشقۇرۇش ئىدارىسى يۇقىرىغا يوللىغان يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ 1993-يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 885 مىليون يۈەن ئىكەنلىكىنى، بۇ ناھىيىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشىدە جەملەنگەن ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتى بولسا ئارانلا 3 مىليارد 568 مىليون يۈەن ئىكەنلىكىنى، كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىنغان قىسمى يۇقىرىغا يوللىغان سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ناھىيىدىكى مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 26 كارخانىنى نۇقتىلىق ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلغان قىسمى يۇقىرىغا يوللىغان سانىنىڭ 47.6 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدى-غانلىقىنى، 100 مىليون يۈەنلىك يېزا دەپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان 20 يېزىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئارانلا 12 يېزا ئىكەنلىكىنى، 10 مىليون يۈەنلىك كەنت دەپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان 125 كەنتنىڭ ئەمەلىيەتتە ئارانلا 86 كەنت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان.

يەنە ئالايلۇق، مەلۇم بىر ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 1993-يىلى ئالدىنقى 11 ئايلىق ستاتىستىكىغا ئاساسەن، پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تېخى كەمچىل بولغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 230 مىليون يۈەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش قىممىتى 320 مىليون يۈەن ئىدى. مۆلچەرلىنىشى-چە، 12-ئايلىق مەھسۇلات قىممىتى ۋە سېتىلىش قىممىتىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ پۈتۈن يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش پەقەت مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت 12-ئاينىڭ 6-كۈنى شەھەر بويىچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىدۇ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى ”پىلان-ئىقتىساد كومىتېتى ئورۇنداپ بولۇنمىغان قالدۇق سانائەت قىممىتى، سېتىلىش قىممىتىنى ھەرقايسى ئىدارە كومىتېتلىرىغا بۆلۈپ بېرىشى كېرەك. ھەرقايسى ئىدارە كومىتېتلىرى تېخىمۇ دادىل ئىشلەپ، تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىپ، پۈتۈن يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى، سېتىلىش قىممىتىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم“ دەپ يوليورۇق بېرىدۇ. سانائەت قىممىتى ۋە سېتىلىش قىممىتىنى تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن 1994-يىلى 1-ئاينىڭ 4-كۈنى چۈشتىن كېيىن شەھەرلىك پىلان-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ۋە ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىرى سۇبيېكتىپ ھالدا قارار قىلىشىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن 1993-يىل 12-ئايلىق سانائەت مەلۇمات جەدۋىلىنى كۆتۈرۈشۈپ شەھەرلىك يېنىك سانائەت-توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىدارىسى، دورىگەرلىك-خىمىيە ئىدارىسى، ماشىنا-ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىغا بېرىپ ”ۋەزىپە“ تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئېنىقلىنىشىچە، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سان بويىچە كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىنغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون يۈەن، سېتىلىش قىممىتى 95 مىليون يۈەن بولغان.

نۆۋەتتە، بىر قىسىم رايون، تارماقلاردا ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك ئەھۋاللار گەرچە قىسمەن ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تېخى ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەملى-

ئىزدىنىش (تاللانما)

كەت بويىچە ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋاللار تۈپ نېگىزىدىن ئوڭشالماي، ئۇنىڭ يامراپ، ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە يول قويۇلىدىكەن، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ماكرو، ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىش كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك ناچار ئىستىللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، قانۇن-تۈزۈمنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە مۇكەممەللەشمەگەنلىكى، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تېخى يۈرۈشلەشتۈرۈلمىگەنلىكىدەك سەۋەب بار، بىر قىسىم ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدەك سەۋەبمۇ بار، بىراق، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى يىرىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرمىگەنلىكىدە، سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى ھەددىدىن ئارتۇق قوغلىشىپ، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارايدىغان خاھىشنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرمىگەنلىكىدە ھەمدە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ، سۈرئەتنىڭ كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچ، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈشتىكى مۇھىم ئاساس قىلىنغانلىقىدا. شۇ ۋەجىدىن، بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى سىياسىي نەتىجە يارىتىپ ئۆستۈرۈلۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىماستىن قېنى قىززىغان ھالدا بەزى دەبدەبىلىك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بىر تالاي كۆرسەتكۈچلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، قاتلاممۇ قاتلام ئاشۇرۇپ بېرىپ، ئۆز قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ بۇ كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇندىغان ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆستۈرۈلۈپ، مۇھىم ئىشلارغا قويۇلۇشى مۇمكىن، كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇندىيالمىغانلار مۇھىم ئىشلارغا قويۇلمايدۇ. بەزى جايلاردا ئومۇمەن يېزا-بازار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى 100 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن يېزا-بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىرى ۋە يېزا-بازار باشلىقلىرىنى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ ياكى زور مىقداردىكى پۇل-مال بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان؛ يەنە بەزى جايلاردا ھەتتا يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ يىغىنى چاقىرىلغان نەق مەيداندىلا يېزا-بازار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى زور بولغان يېزا-بازارلىق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە ئۆستۈرۈلگەنلىكى جاكارلانغان.

يۇقىرى كۆرسەتكۈچ كۆپتۈرمىچىلىك ئىستىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداش قىيىن بولغان ۋاقىتتا، بىر قىسىم پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرى ياكى كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئىدارىسىگە پايدا يەتكۈزۈش، شەرەپ كەلتۈرۈش نىشانىغا ئورنىۋېلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتىن يانماي، سۈكۈت قىلىش، ئاستىرتتىن يول كۆرسىتىش ھەتتا ئوچۇق-ئاشكارە كۈچكۈرتۈش، يولىيورۇق بېرىش، زورلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، قول ئاستىدىكىلىرىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇپ ئاز مەلۇم قىلىش يولىغا باشلاپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ كۆز بويامچىلىق قىلدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم كۆز بويامچىلار جازاغا تارتىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە شۆھرەت ۋە مەنپەئەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشكەن، قانۇن بويىچە راستچىللىق بىلەن يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانلار سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ھەتتا زەربە يەپ ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىغان ئەھۋال ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، ئۆزئارا بەسلىشىش خاھىشىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلاردا ساختىپەزلىك قىلىش نام-مەنپەئەت، ھوقۇق-مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ ئۇدۇل يولى بولۇپ قالدى، ”پو ئاتالغانلارلا ئەمەلدار بولالايدۇ“غان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، دېمەك ”سان-سىپىرلار ئەمەل ئۆستۈرىدىغان، ئەمەلدارلار سان-سىپىرلارنى ئۆستۈرىدىغان“ يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش مېخانىزمى شەكىللىنىپ قالدى.

ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش ئەھۋاللىرى پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشەنىگە ئېغىر دەرىجىدە زىت كېلىدۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئۇستىلىنى بۇلغىدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىتتى، تار مەھكىمىچىلىك، پۇلپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە فېئوداللىق ھوقۇق تاماسىدا بولۇش ئىدىيىسىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئەمەلىي ھالدا باش قاتۇرۇپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ئامىمىنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق بېيىشىغا، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلماي، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش، يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىش يولى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. مۇبادا ساختىپەزلىك قىلغانلار پايدا تاپىدىغان، ئەينەن مەلۇمات بەرگەنلەر زىيان تارتىدىغان بولسا، مۇقەررەركى، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەش ئاكتىپلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ، تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

بىر قىسىم پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىپ، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزدى. ئېغىر دەرىجىدە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار كەڭ خەلق ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشىنىشكە، دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالدۇرىدۇ؛ خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىگە، مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ ئابرويىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ستاتىستىكا تەدبىر كۆرۈش ۋە باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى، بولۇپمۇ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە ماكرولۇق تەدبىر كۆرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى قايتۇرۇش، تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن مەسلىھەت خاراكتېرىدىكى تەكلىپلەرنى بېرىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشۈشىنى نازارەت قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يالغان ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلار ماكرولۇق تەدبىر كۆرۈشنىڭ ئىلمىيلىقىغا ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ، ماكرولۇق تەدبىر كۆرۈشتىكى خېيىم-خەتەرنى ئاشۇرىدۇ، ھەتتا خاتا تەدبىر كۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى

ئېلىپ كېلىدۇ.

ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش بىر خىل ئۇچىغا چىققان چىرىكلىكتۇر، ئۇ خاراكتېر جەھەتتە بولۇپمۇ كەلتۈرىدىغان زىيان جەھەتتە خىيانەتچىلىك قىلىش، پارە ئېلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەردىن قىلچىمۇ قېلىشمايدۇ. ئۆتكەنكىنى كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش كېرەك. ”چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش“ مەزگىلىدە خەلقىمىز كۆپتۈرمىچىلىك شامىلى تۈپەيلىدىن قانلىق بەدەللەرنى تۆلىگەنىدى، بىز ھەرگىزمۇ تارىختىكى بۇ كونا يولدا ماڭماسلىقىمىز لازىم.

ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك ناچار ئىستىللارنى ئۈزۈل-كېسىل تىزگىنلەش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، تەڭ قول سېلىپ بىللە تۇتۇش قىلىپ، ھەر تەرەپتىن تۈزەش ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشەنى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ساختىپەزلىك قىلىشنى توسۇشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشنى توسۇشنى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى توغرىلاش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قوغداشتۇرۇش يۈكسەكلىكىگە قويۇپ تونۇش لازىم. ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، شۆھرەتپەرەسلىك قىلىش، شەكىلۋازلىق قىلىشتەك خاھىشلارنى تۈگىتىش كېرەك. ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى تارماقلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىپ چىققاندا،چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشى، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان يۇقىرى كۆرسەتكۈچ بەلگىلىمەسلىكى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ئىشقا قويۇش ئۇسۇلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىلمىي بولغان كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ستاتىستىكا خىزمىتىگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا يامان نىيەت بىلەن يالغانچىلىق قىلىپ شەرەپ ۋە پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشۋالغان كىشىلەرنى ئۆستۈرۈپ ئىشقا قويۇشقا بولمايلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بىلەن قاتتىق جازالاش لازىم. قانۇن-تۈزۈم ۋاسىتىلىرىگە تايىنىپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇپ ئاز مەلۇم قىلىشتەك قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنداق قىلمىشلارنى توسۇش، ئۇنداق قىلمىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى جازالاش، ئالاقىدار قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. «ستاتىستىكا قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، قانۇن ماددىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جازالاش كۈچىنى ئاشۇرۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋاسىتىلىرىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىشقا دائىر مەسىلىلەرنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ

چىقىپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مۇستەقىل ھالدا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى ھەمدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ستاتىستىكا ساھەسىدىكى قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قوشۇننى تېخىمۇ تولۇقلىشى لازىم. ستاتىستىكا ئورگانلىرى ۋە ستاتىستىكا خادىملىرى «ستاتىستىكا قانۇنى»غا تېخىمۇ نەمۇنىلىك ھالدا رىئايە قىلىپ، ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك قىلمىشلارنى قەتئىي توسۇشى ۋە قانۇن بويىچە چەكلىشى لازىم. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتەك قىلمىشلارنى، قايسى ئورۇنغا، قايسى كىشىگە چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش لازىم. پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش، پاش قىلغانلارنى قوغداش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، پاش قىلغانلاردىن ئۆچ ئالىدىغان قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ساختىپەزلىك قىلغان تىپىك ئەنزىلەرنى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئوچۇق-ئاشكارە پاش قىلىش كېرەك.

ئىسلاھات جەريانىدا ستاتىستىكا جەھەتتىكى پەن تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان مەلۇمات بېرىپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە بۇنداق قىلمىشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن زامانىۋى پەن-تېخنىكا ئاساسىدىكى بىر يۈرۈش ئىلمىي تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىقىش لازىم، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ھېسابات سىستېمىسىنى، ستاتىستىكىلىق كۆرسەتكۈچ-لەر سىستېمىسىنى، ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى سىستېمىسىنى تېزدىن يولغا قويۇپ، ستاتىستىكا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىنى كونترول قىلىش ئۇسۇلى ۋە باھالاپ چىقىش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ تېپىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ستاتىستىكىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزۈش، مەسلىھەت بېرىش ۋە نازارەت قىلىشتەك بىر پۈتۈن رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۇستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش لازىم

**(ئاپتور: دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**



www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

07>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5－V 刊号：ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号：2－373 定价：1.80元 邮政编码 100013